# تۇتامى يوق كىشىلەر ھامان بوراندا يوقىلىدۇ

## ——«جۇڭگو بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلىدى سەپسەتىسى»نىڭ جىمىقىدىغان ۋاقتى كەلدى

□جۇڭ شېڭ

يېقىندا، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر خەلقئارادا ھە دەپ: «بىز ‹ئادالەتسىز مۇئامىلە›گە ئۇچرىدۇق، جۇڭگو ‹ئادالەتسىز ئەۋزەللىك›كە ئېرىشتى»، «جۇڭگو ‹ئامېرىكىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلىدى›»... دەپ قاقشاپ، دەردى كۆپ، نەپرىتى كۈچلۈك قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىچى قارىلىق بىلەن توقۇپ چىققان «جۇڭگو بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلىدى سەپسەتىسى» ئەمەلىيەتتە دەل ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى بىلەن شۇغۇللىنىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى بېسىش ۋە توسۇشقا «ھەققانىيەت تونى»نى كىيگۈزۈش ئۈچۈندۇر.

بۇ ئىككى يىلدا، ئامېرىكا تەرەپ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى مەسىلىسىدە قايتا ـ قايتا ئويۇن ئويناپ، يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ جۇڭگونى ئەيىبلىدى. 2018 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئامېرىكا جۇڭگوغا قارىتىلغان «301 تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى ئېلان قىلىپ: «جۇڭگودا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشى مەۋجۇت»، دەپ جار سالدى. گەرچە بۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدىغانلار يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، ئامېرىكا تەرەپ توختىماي تەگەۋاتىدۇ. يېقىندا يەنە بەزى ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى: «جۇڭگونىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلاش قىلمىشى سودا سۆھبىتىگە خىرىس شەكىللەندۈردى» دېدى. گەرچە ئامېرىكا تەرەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلاۋاتقان، بەكلا چېچىلىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئىشەنچلىك، سەممىي تەلەپپۇزدا قەسەم بېرىۋاتقاندەك، سۆزى ھەقىقەتكە ئۇيغۇندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن پاكىت ھامان پاكىت، يالغان گەپ ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، «جۇڭگو بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلىدى» دېگەندەك ۋاتىلداشلارنىڭ پۈتۈنلەي تۇتامى يوق بولۇپ، ئۇنىڭغا كىممۇ ئىشىنىدۇ؟

بەزى ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى خۇددى شۇنداق ئىش بولغاندەك: جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ «نەچچە يۈز مىليارد دوللار»لىق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلىدى، دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ سانغا ناھايىتى كۆپ ئامېرىكىلىقلار دىمىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ. كىشىلەرنىڭ پەقەتلا پەرەز قىلالمايدىغىنى، بۇنداق سان زادى قانداق ھېسابلاپ چىقىلغان؟! بۇ سانىنى پەقەت سانىنى چوڭايتىدىغان پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارى بار مەلۇم تالانت ئىگىلىرىنىڭ چوڭ مېڭىسىدىن خىيال قىلىپ چىققان دېيىشكە بولىدۇ! ئىلگىرى كىمدۇ بىرى: يالغان گەپنى مىڭ قېتىم تەكرارلىسا ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ، دېگەنىدى. قارىغاندا ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر ھازىرغىچە يەنىلا بۇ گەپكە ئىشىنىپ يۈرگەندەك قىلىدۇ.

بۇنداق ئەقىلگە سىغمايدىغان سانىنى پەقەت ئەقلى جايىدا ئەمەس ئىختىساسلىقلارلا توقۇپ چىقىرالايدۇ. «301 تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى مىسالغا ئالساق، ئامېرىكا دەۋاگەر، ساقچى، تەپتىش ئەمەلدارى، زاسېداتېل، سودىيە قاتارلىق نۇرغۇن رولىلارنى ئېلىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئەھۋالىنى باھالىدى ۋە ئەيىبلىدى، خىيالىغا كەلگەننى قىلىپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچتى، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈردى، ئۇلارنىڭ تايانغىنى قۇرۇق پەرەزلا تۇرسا، ئادىل بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر تەكشۈرۈش تەسەۋۋۇر ھەم تاللاش خاراكتېرلىك سانلىق مەلۇماتلارنى ئاساس قىلسا، ئۇ بىر فانتازىيەلىك ھېكايە بولۇپ قالىدۇ! ئامېرىكا تەرەپ بۇنى كۆڭلىدە ئېنىق چۈشەنسىمۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ يولسىز ھەرىكىتىگە دەبدەبىلىك باھانە تاپماقچى خالاس.

بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىش. بۇ مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ئەڭ چوڭ رىغبەت. نەچچە ئون يىل بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي ئاڭدىن قانۇنچىللىق مۇھىتىغىچە، يەنە ئەمەلىي قوغداش سالمىقىغىچە، جۇڭگو بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشتا ئۈچقاندەك ئىلگىرىلىدى، نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلدى. ئاللىبۇرۇنلا «مەندىن قوغداشنى تەلەپ قىلىش»تىن «مەن قوغدايمەن»گە تەرەققىي قىلدى.

جۇڭگو بىر يۈرۈش بىرقەدەر مۇكەممەل، يۇقىرى ئۆلچەملىك بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى قانۇن سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئەدلىيەلىك قوغداشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، دۇنيادا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى دېلولىرىنى، بولۇپمۇ پاتېنت دېلولىرىنى ئەڭ كۆپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان دۆلەتكە ئايلاندى. 2018 ـ يىلى، جۇڭگو تاشقى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا تۆلىگەن ھەق 35 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يەتكەن بولۇپ، پۈتۈن يەر شارىدىكى 4 ـ چوڭ پاتېنت ئىمپورت دۆلىتىگە ئايلاندى. يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ئىش ئېھتىمال كۆپچىلىكنىڭ ھېلىمۇ يادىدا بولۇشى مۇمكىن: ئالما شىركىتى بىلەن گاۋتوڭ شىركىتى ئارىسىدىكى پاتېنت ئىجازەت ھەققى ماجىراسىدا، ئىككى تەرەپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگودا نۇرغۇن قېتىم دەۋالاشتى. ئامېرىكا كارخانىلىرى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دۇنياغا جۇڭگونىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئادالەت كىشىلەر قەلبىدە. جۇڭگونىڭ تىرىشچانلىقى بارغانسېرى كۆپ ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشىۋاتىدۇ. ئەنگلىيە «ئىقتىسادشۇناسلار» ھەپتىلىك ژۇرنىلى تور بېكىتى ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگونىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغدىشى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈچقاندەك ياخشىلاندى، جۇڭگو بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلىغۇچى ئەمەس، بەلكى قوغدىغۇچى. 2016 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەرەپ دوكلاتلىرىدىمۇ جۇڭگونىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى پائال مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. لېكىن، يېقىنقى ئىككى يىلدا ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشتا ئوتتۇرا ئوقنى ئاساس قىلىپ زور بۇرۇلۇش قىلىپ، توختىماي ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلىدى، ئۇلارنى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، سىياسىي بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ، دېيىشكىلا بولىدۇ. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئەسلىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىدىكى كۆۋرۈك بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ ئامېرىكا تەرەپنىڭ قولىدا سىياسىي قورالغا، باشقا دۆلەتلەرنى چەكلەيدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالدى، دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى يوشۇرىدىغان ئۇيات لاتىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشى جەريانىدا، نۇرغۇن چەت ئەل كارخانىلىرى ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگو كارخانىلىرى بىلەن تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇردى، بۇ، بازار كېلىشىم ھەرىكىتى بولۇپ، چەت ئەل كارخانىلىرى ھەممىگە ئايان بولغان نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشتى. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشتا مەسىلە كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا قانۇن يولى بىلەن ئۆزلۈكىدىن ھەل قىلغىلى تامامەن بولىدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى «كالتەك»نى قالايمىقان پۇلاڭلىتىشى مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئىناۋەت ئېڭىنى ئىنكار قىلغانلىق، كېلىشىم روھىنى ئىنكار قىلغانلىق، بازار قانۇنىيىتىنى ئىنكار قىلغانلىق. بەزى ئامېرىكىلىقلاردا بىر غەلىتە لوگىكا بار، ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكىنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى ھېسابلاپ، ئەڭ ئاخىردا بىۋاستە ھالدا بۇ غايەت زور سانلار يىغىندىسىنى باشقىلار تەرىپىدىن «ئوغرىلاپ كېتىلدى» دېۋېلىش.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەقىقەت جاھان سورايدۇ. ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى مۇكەممەل كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دۇنيادا «ئوغرىلاش»قا تايىنىپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان بىرمۇ دۆلەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدۇ. كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا: ئامېرىكا «ئوغرىلاش»قا تايىنىپ تەرەققىي قىلغانمۇ؟ ئامېرىكا «ئوغرىلاش»قا تايىنىپ تەرەققىي قىلالامدۇ؟ دېگەن سوئالنى قويىدۇ. ئېھتىمال ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر بۇنى دەرھال ئىنكار قىلىشى مۇمكىن. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى جۇڭگولۇقلار پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن. ئامېرىكىدىكى بەزى تۇتامى يوق كىشىلەر جەزمەن كۈچلۈك شەرق شاملىدا تارىخ سەھنىسىدىن ئۇچۇرۇپ تاشلىنىدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# دەلىلقان سۇگۇربايېۋ: باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەگە ئەگەشكەن قازاق مىللىتىدىن چىققان ئىنقىلابىي قۇربان



دەلىلقان سۇگۇربايېۋنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت). □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر يۇ تاۋ)** «پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەگىشىپ مېڭىشلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توغرا تاللىشى.» ئىنقىلابىي قۇربان دەلىلقان سۇگۇربايېۋنىڭ بۇ سۆزىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاما ئىزچىل ئەستە ساقلاپ كەلدى.

دەلىلقان سۇگۇربايېۋ، قازاق، 1906 ـ يىلى تۇغۇلغان، شىنجاڭ ئالتايدىن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش ئاممىۋى تەشكىلاتى «شىنجاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى»گە قاتنىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىپ، دائىم چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن ئىئانە توپلاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بەرگەن. 1941 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغان.

1944 ـ يىلى، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ، «ئاشەن(بۈگۈنكى ئالتاي)ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى بولغان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشىغا ماسلىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مىللىي ئارمىيە ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ ئەزاسى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ئالتايدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان مەزگىلدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرغان. ئۇ سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ ئالتايدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا مۇنداق دېگەن: «ھەر مىللەت، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاش كېرەك.» ئۇ ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ «خەزىنە پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدىكى قارارى»نى رىياسەتچىلىك قىلىپ ماقۇللىغان ھەم ئۆزى بىر خەزىنە يېتىم بالىنى بېقىۋالغان.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بولغان. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئاشەن ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا داۋاملىق رىياسەتچىلىك قىلغان، مىللىي ئارمىيەنى باشلاپ باندىت ئوسمان ئىسلامنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە قىلغان ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلغان ھەم بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان. ئۇ ئۆزى باشچىلىق قىلىپ ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش ئەمگەكلىرىگە قاتناشقان. ئۇ ئەمگەككە قاتناشقان ھەر مىللەت ئاممىغا مۇنداق دېگەن: «بارلىق خەلق بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دېموكراتىك سىياسىي ئاساستا، ئارقىدا قالغان خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنى باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىش كېرەك».

دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ئالتايدىكى كادىرلار ۋە ئاممىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشەببۇسىنى پائال تەشۋىق قىلغان، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۆزلۈكسىز غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنى تەشۋىق قىلغان، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەگىشىپ مېڭىشلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ توغرا تاللىشى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ ئاندىن چىقىش يولى بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى چىڭ تۇرغان يۆنىلىش ۋە يولغا قويغان سىياسەتلەر، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 450 مىليون خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا بىز يېقىن كەلگۈسىدە مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك يېڭى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز».

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭ(ھازىرقى بېيجىڭ)غا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ماڭغان. 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇ ئولتۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى بايقال كۆلى رايونى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى 43 يېشىدا قازا قىلغان.

# ئاپتونوم رايونىمىز يېشىل كان بەرپا قىلىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭ كانچىلىق بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ تەبىئىي بايلىق پىلانلاش يۈرتىنى ئۈچىنچى تەرەپ باھالاش ئاپپاراتى قىلىپ، تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىقىنىڭ ئالاقىدار كەسىپ ئۆلچىمىنى باھالاش ئاساسى قىلىپ، يېشىل كان بويىچە ئۈچىنچى تەرەپ باھالىغان كاندىن يېڭىدىن 12نى كۆپەيتىشنى تاماملاپ، تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىقىنىڭ يېشىل كان ئامبىرىغا كىرگۈزۈش تەلىپىگە يەتكەن كان ئومۇمىي سانىنى 38گە يەتكۈزدى.

شىنجاڭ كانچىلىق بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن بىرلەشمە باشلىقى جاڭ جىمىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز كۆمۈر، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز، ئالتۇن، ھاك تاش، شېغىل قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسلىق كۆپ مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئون خىل كان تۈرى كەسپىنىڭ يېشىل كان قۇرۇش ئۆلچىمىنى بېكىتىۋاتىدۇ. ئۆلچەم بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان، كارخانا ئۆزى قۇرىدىغان، ئۈچىنچى تەرەپ باھالايدىغان، جەمئىيەت نازارەت قىلىدىغان خىزمەت سىستېمىسى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېشىل كان قۇرۇلۇشى تېخىمۇ تېزلىتىلىدۇ.

# يېشىل تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان ئىرادىنى ئالقىشلايمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلماسلىقى كېرەك. يىرىك تەرەققىيات ئەندىزىسى، قىسقا مەزگىللىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تېز سۈرئەتتە توپلىنىشىنى، GDPنىڭ ئېشىشىنى ئېلىپ كېلىدۇ، بىراق يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشىنى، ھەتتا ئېكولوگىيەلىك ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تەرەققىياتنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، خېجىڭ ناھىيەسىنىڭ ئاممىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاشقا بولغان ئارزۇسىغا ماسلىشىپ، شىمالىي تاغنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغانلىقىنى يىراقنى كۆزلەپ پۇختا پىلان تۈزۈپ، ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىش تەدبىرى دېيىشكە بولىدۇ.

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا مۇنداق تەكىتلەندى: «ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا ھاياتىمىزغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك» «قەتئىي ھالدا ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۇرمۇش ئاۋات ـ باي بولغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى مەدەنىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك.» بىر رايوننىڭ ئىقتىساد تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش يولى مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا يېشىل تەرەققىيات يولى. بۇ مەزگىلدە قىيالماسلىق ۋە ئاغرىش بولىدۇ، لېكىن، چوڭ يۆنىلىش توغرا بولۇپ، يېشىل تەرەققىيات يولىنى بويلاپ قەتئىي بوشاشماي ماڭغاندىلا، بىز ئاخىر ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئېكولوگىيەنى قوغداشتىن ئىبارەت قوش پايدىغا ئېرىشەلەيمىز، شىمالىي تاغنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى دەل بىر ئۆرنەك.

**(«سۆز ھەممىگە» ماقالە قوبۇل قىلىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**



**شادلىققا تولغان يۇرت ـ ماكان ساياھىتى**

5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى ساياھەت ئېكولوگىيە باغچىسىدا مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ھەرىكىتى —— بۇقچىلاپ ئارقان تارتىشىشقا قاتناشماقتا. شۇ كۈنى، «2019 ـ يىللىق جۇڭگو ساياھەت كۈنى. يۇرت ـ ماكانىنى سۆيۈپ، پەيزاۋاتنى ساياھەت قىلىش» يۈرۈشلۈك پائالىيىتى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ ساياھەت ئېكولوگىيە باغچىسى، شەھەر ئىچى توغراقلىق سۇلۇق يەر ئېكولوگىيە باغچىسى قاتارلىق مەنزىرە نۇقتىلىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەۋاتقان خىزمەتچى خادىملار قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندى. □**مۇخبىرىمىز يۇ لىيې فوتوسى**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)